# تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىش ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت

## —— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگونىڭ «13 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

(بېشى 1 - بەتتە)

21 - ئەسىرنىڭ ئۈچىنچى ئون يىلىنىڭ باشلىنىشىدا، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي - شىمالىغا نەزەر سالساق، جۇڭگونىڭ بىپايان زېمىنىدا ھەربىر ئۇلۇغۋار پىلان رېئاللىققا ئايلىنىۋاتىدۇ، ھەربىر يۈكسەك رەسىم ئاستا - ئاستا ئېچىلىۋاتىدۇ.

بەش يىل ئىلگىرى، پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. «كەلگۈسى بەش يىللىق دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى ياخشى تۈزۈش ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەتنى ئومۇمىيۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ ماس ئالغا سىلجىتىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك، دۆلىتىمىز ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاراڭلىق، كۈچلۈك سۆزلىرى كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.

بەش يىل ۋاقىتتا پەيتنى قولدىن بەرمىدۇق.

توختىماي سەكرەۋاتقان سان - سېپىرلار، سىجىل يېڭىلىنىۋاتقان رەت تەرتىپى چوڭ دۆلەتنىڭ قەدىمگە گۇۋاھ بولماقتا، بارغانسېرى ئېشىۋاتقان ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى تورمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەرنى نامايان قىلماقتا ——

ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 2015 - يىلىدىكى 15.5%تىن 2019 - يىلىدىكى 16.3%كە ئۆرلىدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 70 مىڭ 892 يۈەنگە يېتىپ، دۇنيادا ئەڭ چوڭ كۆلەمدىكى ئوتتۇراھال كىرىملىك كىشىلەر توپىنى شەكىللەندۈردى؛ يېزا ئىگىلىكىدىن يۆتكەلگەن 100 مىليوندىن كۆپرەك نوپۇس يېڭى شەھەر ئاھالىسىگە ئايلاندى، 50 مىليوندىن كۆپرەك نامرات نوپۇس نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان جۇڭخۇا مىللىتىنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇۋاتقان مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىنىدۇ...

ھەربىر نۇر چېچىۋاتقان ۋاقىت، قالتىس پەيتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش مۇساپىسىدىكى ئاچقۇچلۇق تۈگۈنلەرنى بەلگە قىلىپ، تارىخنى ئۇنتۇماسلىق، كەلگۈسىگە نەزەر سېلىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك بۇرچنى زىممىسىگە ئالماقتا ——

2017 - يىلى، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى غەلىبىلىك ئېچىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ 2018 - يىلى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى داغدۇغىلىق تەبرىكلىنىپ، دۇنياغا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش ئىرادىسى جاكارلاندى؛ 2019 - يىلى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كاتتا مۇراسىمدا جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان دەۋر ئېقىمى مۇجەسسەملەندى...

جۇڭگو ياسىمچىلىقى، جۇڭگو ئىجادىيىتى، جۇڭگو قۇرۇلۇشى بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ كۈچەپ، جۇڭگونىڭ يېپيېڭى قىياپىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ ——

ياسىمچىلىق قوشۇلما قىممىتى يەر شارىۋى نورمىنىڭ 30%كە يېقىنىنى ئىگىلەپ، ئۇدا ئون يىل دۇنيا بويىچە 1 - ئورۇندا تۇردى؛ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 35 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول 150 مىڭ كىلومېتىرغا يېقىنلاشتى، ھەرىكەتچان جۇڭگونىڭ ھاياتىي كۈچى ھەممە تەرەپكە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ؛ شياڭگاڭ - جۇخەي - ئاۋمېن چوڭ كۆۋرۈكى ئۈچ جاينى تۇتاشتۇردى، بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتى «سۇمۇرغ كەبى قانات قاقتى»، ھەربىر مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلار دۇنيانى ھەيران قالدۇردى؛ C919 چوڭ تىپتىكى يولۇچىلار ئايروپىلانى كۆك ئاسمانىدا پەرۋاز قىلدى، «جۇڭگو تيەنيەن» پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بېيدوۋ يول باشلاش سىستېمىسى رەسمىي ئېچىلدى، 5G تورى تېز شەكىللەندى، يېڭىلىق يارىتىش ئۇلۇغ كۈچى سىجىل ئۇرغۇدى...

بەش يىل مابەينىدە، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ، پەن - تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى يېڭى زور پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، نەتىجىلىرى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان جۇڭگو مۆجىزىسى داۋاملىق يارىتىلىپ، قالتىس جۇڭگو كۈچى نامايان قىلىندى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يىراقنى كۆزلەپ پۇختا پىلان تۈزۈپ، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزلەپ، خەلقئارا، دۆلەت ئىچى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى چوڭقۇر كۆزەتتى.

مەيلى «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تەكلىپى بولسۇن، ياكى «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسى بولسۇن، مۇقەددىمىنىڭ ھەممىسىدە دىققەت بىر ئاچقۇچلۇق سۆز —— يېڭى نورمال ھالەتكە مەركەزلەشتى.

سۈرئەتنىڭ ئۆزگىرىشى، قۇرۇلمىنىڭ ئەلالىلىشىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنىڭ يۆتكىلىشى، بۇ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ قانۇنىيەتلىك نامايەندىسى، تېخىمۇ يۇقىرى تەرەققىيات مەنزىلىگە قاراپ مېڭىشتىكى مۇقەررەر تارىخىي جەريان.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى نورمال ھالەتكە كىرگەندىن كېيىنكى بىرىنچى بەش يىللىق يىرىك پىلان بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەزمەن يېڭى نورمال ھالەتكە ئۇيغۇنلىشىشى، يېڭى نورمال ھالەتنى ئىگىلىشى، يېڭى نورمال ھالەتكە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

يېڭى نورمال ھالەتتە تەرەققىيات يولى قانداق تۇتىشىدۇ؟

««13 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز تەرەققىياتتا ھەم سۈرئەتنى كۆزلەپ، ھەم ئېشىش مىقدارىنى كۆزلەپ، تېخىمۇ مۇھىمى سۈپەتنى كۆزلەپ، سۈپەتلىك، ئۈنۈملۈك، ھەقىقىي، ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئېشىشنى كۈچەپ ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك»، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ھۆكۈمى ئېنىق ھەم قەتئىي.

«ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممەبەھرە بولۇشتىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش ھەم ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك» —— پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا بېكىتىلگەن يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى قانداق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تەرەققىياتنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش مەسىلىسىگە ئىلمىي جاۋاب بەردى، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئۆزگىرىش.

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش باسقۇچىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۆتكەنلىكى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

2017 - يىلى 12 - ئايدا، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى تەكشۈرۈشتە جياڭسۇ شۈيجوۋغا كەلدى. شۇگۇڭ گۇرۇھىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ كارخانىنى دۇنيانىڭ ئالدىنقى سېپىنى كۆزلەپ، يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىياتنىڭ ياخشى ئەندىزىسى، ياخشى تەجرىبىسى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «يېڭىلىق يارىتىش كارخانىنىڭ يادرولۇق رىقابەت كۈچىنىڭ مەنبەسى، نۇرغۇن يادرولۇق تېخنىكىلارنى تاپقىلى بولمايدۇ، سېتىۋالغىلى بولمايدۇ».

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى نىشان قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى يۈنىلىش قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى تەرەققىيات دىرىژورلۇق تايىقى سۈپىتىدە، باشتىن - ئاخىر «13 - بەش يىل»لىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈلدى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەۋقەنى يىراق كەلگۈسىگە قويۇپ، ئىستراتېگىيەلىك پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، بىر ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاداققىچە تۈزۈشتە چىڭ تۇردى.

بەش يىلدىن بۇيان، كىچە - كۈندۈز ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەپ، بوران - چاپقۇنلۇق مۇساپىنى باشتىن كەچۈردى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەكشۈرۈشتە بولغاندىكى ئاياغ ئىزلىرى كەڭ شەھەر، يېزا - كەنت، كارخانىلارنى قاپلىدى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى يىغىنى، مەركەز مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى يىغىنى قاتارلىق مۇھىم يىغىنلارنى بىر - بىرلەپ رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، مۇتەخەسسىس - ئىلىم ئەھلىلىرى، كارخانىچىلار، ئالىملار، ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، «13 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا بىر قاتار مۇھىم، زور ھۆكۈملەرنى چىقاردى، بىر قاتار مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلدى.

تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەپ، ۋەزىپە، تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئۈچنى تۆگىتىش، بىرنى تۆۋەنلىتىش، بىرنى تولۇقلاش»قا تۈرتكە بولۇشتا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى؛

دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەت ئۆزگىرىشنى چىڭ ئىگىلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى نىشانلاپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق ساھەلەردىكى ئېغىر، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تىزگىنلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى؛

بېيجىڭ - تيەنجىن - خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتى، چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتى، گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشى، خەينەننىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، خۇاڭخې دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش، چېڭدۇ - چۇڭچىڭ رايونىنىڭ قوش شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكى قۇرۇلۇشى، دۆلەتنىڭ ھەربىر مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىرى رايونلار ماس تەرەققىياتىدىكى «يول»نى راۋانلاشتۇردى، ھەرقايسى چوڭ رايون بۆلەكلىرى ياخشى ھەمتۈرتكە بولدى؛

ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارنى يۇقىرى سەۋىيەدە ئېچىۋېتىپ، تۇتاشتۇرۇپ، شىنجېڭدىن ئىبارەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئالدىن يولغا قويۇلغان ئۈلگە رايونى ۋە خەينەن ئەركىن سودا پورتى لەڭگەر كۆتۈرۈپ يىراققا يۈرۈش قىلدى...

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قەتئىي سالماق بولۇپ، ئىرادىنى ساقلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى يېتەكلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆز ئىشىنى ياخشى بېجىردى.

«پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش» —— بۇ، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تەكلىپىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا جەزمەن ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئالتە چوڭ پرىنسىپنىڭ بىرى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئايرىم بىر باب ئېچىلىپ «پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش» توغرىسىدا تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

2018 - يىلى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قىسمەن ئاپپاراتلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ قايتا تەشكىللەندى، پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلىشى، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشى تۈزۈلمە - مېخانىزم جەھەتتە يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، يۈنىلىشنى ئىگىلەش، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزلەش، سىياسەتنى بېكىتىش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى يەنىمۇ گەۋدىلەندى.

بۇ بەش يىلدا، قانچىلىك بوران - چاپقۇن، ئۇچۇغشىزلىق، قىيىنچىلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پارتىيەمىز خەلققە مەھكەم تاياندى. «يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلەش»، «ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت بىلەن ئىشلەش»، «بەخت كۆرەش قىلىشتىن كېلىدۇ»... باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چاقىرىقى بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىرلىكتە جان تىكىپ ئىشلىدى، بىرلىكتە كۆرەش قىلدى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، دۇنيا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش مەزگىلىگە كىردى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى قارشى ئېقىمغا ئۇچرىدى، قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىلىك كۈچىيىپ، دۇنيا ئىقتىسادى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى، جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا سۈركىلىشى كۈچەيدى، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى زورايدى، تەرەققىيات يولى تەكشى بولمىدى.

بۇ يىلقى مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ سىياسىي كېڭەش ئىقتىساد ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: ئەتراپلىق، دىيالېكتىكىلىق، يىراقنى كۆرىدىغان نەزەر بىلەن ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ كرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

بۇ بەش يىلدا، مەيلى تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى دەھشەتلىك دولقۇنلارغا جەڭ ئېلان قىلىش بولسۇن ياكى دۆلەت ئىچى تەرەققىياتىدىكى قىيىنچىلىق، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش بولسۇن، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى باشتىن - ئاخىر تۆۋەن چەك تەپەككۇردا چىڭ تۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خەۋپ - خەتەرنى پۇرسەتكە ئايلاندۇردى.

2016 - يىلى ئېچىلغان مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىدا، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمى پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم پرىنسىپى قىلىپ بېكىتىلدى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولۇشتىن ئاستىلاش ئاساسىدا مۇقىملىشىشقا، يەنە مۇقىملىق ئاساسىدا ئۆزگىرىشكە قاراپ يۈزلىنىپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىشى باشتىن - ئاخىر مۇقىم بولۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي رىتىمنى ساقلاپ، ئاساسىي تەرەپنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاساسىي گەۋدىنى مۇستەھكەملىدى، مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي يۈزلىنىشى ئۆزگەرمىدى، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان دۇنياغا مۇقىملىق ۋە ئېنىقلىق قوشتى.

4.9%! بۇ يىلنىڭ 3 - پەسلىدە، جۇڭگو ئىقتىسادىدا ئۇدا ئىككى پەسىلدىن بۇيانقى مۇسبەت ئېشىش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، قايتا جانلىنىش تېخىمۇ كۈچلۈك بولدى، ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدىكى يىغىندىدا مۇسبەت ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى يېقىنقى مەزگىلدە دوكلات ئېلان قىلىپ، 2020 - يىلى يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ 4.4% چېكىنىدىغانلىقىنى، جۇڭگونىڭ يەر شارىدىكى مۇسبەت ئېشىشنى ئىشقا ئاشۇرغان بىردىنبىر ئاساسىي ئىقتىسادىي گەۋدە بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى.

«يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىش جۇڭگونىڭ قۇدرەتلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارى ۋە تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى!» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاراڭلىق، كۈچلۈك سۆزى جۇڭگونىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچى ۋە كۈچىنى نامايان قىلدى.

### ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىش، ۋەزىيەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ يول ئېچىش جۇڭگو نامىلىق غايەت زور پاراخوتنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات مۇساپىسىگە يېتەكلىدى

«ئەينى چاغدا كۆپچىلىك بېلىق تۇتۇشتىن توختاپ قىرغاققا چىقىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىنتايىن تىت - تىت بولغان، تىرىكچىلىكىدىن ئەنسىرىگەنىدى. قىرغاققا رەسمىي چىققاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم بېرىشى، يۆلىشىدە، نۇرغۇن ياش ھۈنەر ئۆگىنىپ خىزمەت تاپتى» دېدى ئەنخۇي ئۆلكىسى ما ئەنشەن شەھىرىدىكى ئەسلىدىكى شۆجياۋا كەنتىنىڭ ئاھالىسى سەن گونياڭ.

سەن گونياڭنىڭ ئائىلىسىدە بەش كېمە بار ئىدى، چاڭجياڭ دەرياسىدا بېلىق تۇتۇش مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن، بېلىقچىلىق كېمىسىنى جۇۋۇپ تۆلەم پۇلى ۋە ئۆتكۈنچى مەزگىللىك تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسىغا ئېرىشتى. بىر ئائىلە كىشىلىرى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، ئېرى بېلىق قوغدايدىغان تازىلىقچى بولدى.

بۇ يىل 8 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەنخۇيدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا: «چاڭجياڭ دەرياسىدا بېلىق تۇتۇشنى مەنئى قىلىش بىر چوڭ ئىش، بۇ، 300 مىڭدىن ئارتۇق بېلىقچىنىڭ تىرىكچىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بەدەل ئاز ئەمەس، لېكىن پۈتۈن ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداشقا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئەرزىيدۇ» دەپ تەكىتلىدى.

چاڭجياڭ دەرياسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئانا دەرياسى، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدىكى مۇھىم تىرەك، ئىقتىسادنىڭ مۇھىم نۇقتىسى.

2016 - يىلى 1 - ئايدا، چۇڭچىڭدا چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئورۇنغا قويۇپ، كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بىلەن شۇغۇللانماسلىقنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەزىم دەريا ئۆركەشلەپ ئاقتى، تاغ - دەريالار يېپيېڭى تۈسكە كىردى.

بەش يىلدا، دۆلىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى مىسلىسىز زور بولدى، 2019 - يىلى بىرلىك GDPنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتى 2015 - يىلىدىكىدىن 13.2% تۆۋەنلىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 337 ۋىلايەت دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى ئەلا بولغان كۈن سانى نىسبىتى 82%كە يەتتى، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ سۈپىتى III تۈردىكى سۇ نىسبىتىنىڭ 74.9%ىگە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن ياخشى بولدى، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ باسقۇچلۇق نىشانى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلاندى.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇنۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى «بولۇش - بولماسلىق»تىن «ياخشى بولۇش - بولماسلىق»قا ئۆزگەردى.

بەش يىلدىن بۇيان يېڭىلىق يارىتىش يېتەكچى قىلىنىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى ——

«بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئالدىڭلارغا تەتقىق قىلىپ ئاچتىڭلارمۇ؟ بازار ئىگىلەش نىسبىتى قانداقراق؟» 2020 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ گۇاڭدۇڭدا چاۋجوۋ سەنخۇەن(گۇرۇھ) پايچەكلىك شىركىتىدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، بىر پارچە فارفۇر ئاساس تاختىسنى قولغا ئېلىپ كۆرگەچ سورىدى.

كارخانا مەسئۇلى باش شۇجىغا شىركەت قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان كۆڭۈل قويۇپ بىر ئىشنى قىلغانلىقىنى، يەنى ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرغانلىقى ۋە كەسپىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولغانلىقىنى، نۆۋەتتىكى 90%تىن كۆپرەك ئۈسكۈنىنى ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئاچقانلىقىنى، نۇر كابېللىق خەۋەرلىشىش ئۇلىغۇچىغا ئىشلىتىدىغان فارفۇر قىستۇرما ئۆزەكنىڭ پۈتكۈل يەر شارى بازىرىدىكى ئىشلىتىلىش مىقدارىنىڭ 75%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

«كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كەسىپلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈپەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىدۇ.» بۇ، باش شۇجىنىڭ سەممىي ئۈمىدى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ تەرەققىيات يۈنىلىشى.

2018 - يىلى 3 - ئايدا، مەملىكەتلىك ئىككى يىغىندا گۇاڭدۇڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭىلىق يارىتىشنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

بەش يىلدىن بۇيان، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدىن ئالىي مەكتەپلەرگىچە، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرىدىن يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەرەققىيات رايونلىرىغىچە باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭىلىق يارىتىش مۇھىم ئامىللىرى ئەڭ جانلانغان جايلارغا قايتا - قايتا باردى؛ مەركەزنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىشتىن ئاكادېمىكلار يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىشقىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى باشتىن - ئاخىر ئەستىن چىقارمىدى.

«جۇڭگوچە ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش»، «تېخىمۇ كۆپ ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلارنى ئىگىلەش»، «تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش كارخانىنىڭ جان تومۇرى»... بەش يىل مابەينىدە، جۇمھۇرىيەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىگۈچىسى باشتىن - ئاخىر پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى دۆلەتنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىدىكى يادرولۇق ئورۇنغا قويدى.

ۋەزىپە دائىرىسىدىكى پەن - تېخنىكا نەتىجىسىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ياكى ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىش ھوقۇقىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قانات يايدۇرۇلدى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بۆلىكى تەسىس قىلىندى، پەن - تېخنىكا مۇكاپاتى تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا ئالاقىدار سىياسەت - تەدبىرلەر تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى؛

بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ - شياڭگاڭ - ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونىدا خەلقئارا پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىپ، 50تىن ئارتۇق مۇھىم، زور پەن - تېخنىكا ئۇل ئەسلىھە تۈرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، قۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بوشلۇقى ئورۇنلاشتۇرمىسى سىجىل ئەلالاشتۇرۇلدى؛

ئادەملىك ئالەم قاتنىشى ۋە ئايىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرى مول بولدى، سىپاللاتسىيەلىك نېيترون مەنبەسى قاتارلىق دۆلەتنىڭ بىر تۈركۈم مۇھىم قوراللىرى ئارقا - ئارقىدىن پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، سائەتلىك سۈرئىتى 600 كىلومېتىرغا يېتىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك ماگنىتلىق لەيلىمە سىناق پويىزى ياساپ چىقىلدى... بەش يىل مابەينىدە دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم، زور يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كەلدى، بىر قىسىم ئالدىنقى سەپ ساھەلىرى تەڭ يۈگۈرۈش، يېتەكلەپ يۈگۈرۈش باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

«كرىزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈش، ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا جەزمەن پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىن جاۋاب ئىزدىشىمىز كېرەك.» 2020 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى كۋانت پەن - تېخنىكىسى تەتقىقاتى ۋە ئۇنى ئەمەلىي قوللىنىشنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلغاندا باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم شۇنداق دەپ تەكىتلىدى.

بەش يىلدىن بۇيان ئىسلاھات ۋەزىيىتىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات سىجىل چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى ——

«پۇرسەت سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا.» بۇ يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ماگاڭ ئەلا سۈپەتلىك قېتىشما تاياقچە ماتېرىيال سېخىدا تۆمۈر ئۈچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى، سېخ ئىچى ئالدىراشلىققا تولغانىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، كارخانىنى تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە ئىلھاملاندۇردى.

2016 - يىلدىن ھازىرغىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ نۇرغۇن پولات - تۆمۈر كارخانىلىرىدا تەكشۈرۈشتە بولدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەم بىرىكىش ئارقىلىق دۇنيا دەرىجىلىك كارخانا قاتارىغا كىرگەن ما گاڭ گۇرۇھى بار، ھەم سىرتقا چىقىپ تەرەققىي قىلىپ زورايغان خېگاڭ گۇرۇھى بار؛ ھەم تىپ ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغان شوۋگاڭ گۇرۇھى بار، ھەم پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قەدىمىنى تېزلەتكەن تەيگاڭ گۇرۇھى بار.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلىتىمىزنىڭ پولات - تۆمۈر كەسپى ساھە بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك زىيانغا پېتىپ قېلىشتىن ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئوشۇقچىلىقىنى تۈگىتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقىچە، يەنە ساھە ئۈنۈمىنى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزۈشكىچە، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدى.

بۇ بەش يىلدا، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئوشۇقچىلىقىنى تۈگىتىش، قالدۇقنى تۈگىتىش، پىشاڭنى تۈگىتىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 76.6%كە يېتىپ، ماكرولۇق پىشاڭ نىسبىتىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش ۋەزىيىتى تىزگىنلەندى؛

تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق، 66 يىل ئېلىنغان تېجارەت بېجى تارىخ سەھنىسىدىن چېكىندۈرۈلدى، كارخانىلارنىڭ باج - ھەق يۈكى يەنىمۇ تۆۋەنلىدى، 2016 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن باج كېمەيتىش، ھەق تۆۋەنلىتىش سوممىسى جەمئىي 7 تىرىليون 600 مىليارد يۈەن ئەتراپىغا يەتتى؛

تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ۋەكىل قىلغان ھالدا، «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەلدى، كۆپ نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىندى، مۇھىم ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتلاردا ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)